## 7051 ـ شەئبان ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنىدە مۇناجات ئوقۇش بىلەن يېمەكلىككە توپلىشىش توغرىسىدا

**سۇئال**

بەزى ئائىلىلەر شەبان ئېيىنىڭ ئاخىرقى كېچىسىدە يېمەكلىكلەرنى هازىر قىلىپ بىر جايغا توپلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشانغان كىشىلەرمۇ بار، ئۇلار بۇ مۇناسىۋەت بىلەن پەس ئاۋازدا مۇناجاتلارنى ئوقۇيدۇ، بۇ شەكىلدە توپلىشىپ يېمەك يېيىشنىڭ هۆكمى قانداق بولىدۇ؟. بۇ هەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بۇ سوئالنى هۆرمەتلىك ئۇستاز شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئۇسەيمىن رەھمەهۇللاھقا سۇنساق، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: "مېنىڭ قارىشىمچە بۇنداق قىلىش بىدئەتكە يېقىن ۋە يولغا قويۇشتىن چەكلەش كېرەك بولغان ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. چۈنكى چەكلىمىگەندە كىشىلەر بۇنى ئادەت قىلىۋالىدۇ، ئەگەر بىرەر قېتىم شۇنداق بولۇپ قالغان بولسا بۇ شۇ ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قاپتۇ دېيىش كېرەك ئىدى، ئەمما هەر يىلدا شۇنداق قىلىش توغرا بولمايدۇ. توغرا بولغىنى بۇنداق شەكىلدە توپلىشىشنى توغرا بولمايدۇ دەپ قارايمىز.

ئاللاھ تائالا هەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.